هايۋان باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشكە دائىر رەسىملىك كىتاب

بېرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)

# ئۆزگە تايىنىش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هايۋان باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
دائىر رەسىملىك كىتاب

# ئۆزگە تايىنىش

ئاپتورى: بىرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)
رەسىمنى سىزغۇچى: جون فرانكس
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

动物宝宝成长图画书. 自立篇：维吾尔文 / (英)斯通豪斯著；祝威，艾合买提·肉孜译. -- 乌鲁木齐 :新疆美术摄影出版社, 2015.8

ISBN 978-7-5469-7072-1

Ⅰ. ①动… Ⅱ. ①斯… ②祝… ③艾… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 210873 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：加沙热提·吾甫尔　　责任印制：刘伟煜
复　　审：伊不拉音·哈木都拉　　封面设计：伊丽米努尔·麦麦提艾力

书　　名　动物宝宝成长图画书——自立篇（维吾尔文）
译　　者　艾合买提·肉孜
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/16
印　　张　3
版　　次　2015 年 8 月第 1 版
印　　次　2016 年 4 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7072-1
定　　价　13.60 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

# كىرىش سۆز

دۇنيادا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئۇلار بالىسىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ، بولۇپمۇ ئەگرى ـ توقاي، جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاتا ـ ئانىلار تېخىمۇ شۇنداق. دەل مۇشۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەت ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئىلگىرىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئۇنداقتا بىز بالىلىرىمىزغا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا كۆپرەك بىلىم ئۆگەتكەن ۋە ئۇلاردا ئارتۇقچىلىق يېتىلدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ماھارەتلەرنى، ئالايلۇق، ياشاش ماھارىتى دېگەندەكلەرنى بىلدۈرەلەمدۇق؟

بۇ جەھەتتە بىز ھايۋانلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك بولىدۇ. بىز ئىنسانلار بىلەن تەڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھايۋانلارنى سەل چاغلاۋاتقان بولساق كېرەك. بولۇپمۇ، بالا بېقىش، بالىلىرىغا ماھارەت ئۆگىتىش جەھەتتىكى بەزى نۇقتىلاردا ھايۋانلار ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى ئىنتايىن ئاددىي، مىليارد يىللىق ياشاش رىقابىتىدە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن غالىب كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئىنسانلار ئۆزئارا رىقابەتكە، ھەتتا ئۇرۇش ـ تالاشقا كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، مەدەنىيىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى لازىمەتلىكنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى، بىراق شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارمۇ ھايۋانلاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن كەلگەن ئىپتىدائىي ماھارىتى ۋە ياشاش ماھارىتى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتى. ئەمما ھايۋانات دۇنياسىدا يەنىلا ئاجىزلار شاللىنىش، ماسلىشالىغانلىرى ياشاش، ماھارىتى يوقلار تەبىئىي ھالدا باشقا ھايۋانلارنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كېتىشتەك تەبىئىي قانۇنىيەت داۋاملىشىپ كەلدى.

مۇقەررەركى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رەھىمسىز ياشاش قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ ھايات قالغان ھايۋانلار شۇ خىل ھايۋانات ئۇرۇقدىشى ئىچىدىكى قابىللاردۇر.

بىز مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەنگلىيەدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان كەسپىي نەشرىيات Firecrest Books كىتابچىلىق چەكلىك شىركىتى John Fransis/Bernard Thornton سەنئەت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلغان

www.uyghurkitap.com

«GROWING UP» يۈرۈشلۈك كىتابلىرىنى كىرگۈزدۇق. بۇ كىتابلارنى دۇنيادىكى داڭلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئالىملىرى بىلەن رەسساملار بالىلار ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ چىققان.

كىتابتا ھايۋان بالىسىنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرمىشىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانى، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقى ئېچىپ بېرىلگەن؛ ھايۋان ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى قانداق ئاسرايدىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ ھەربىر جانلىقنىڭ مىدىرلاش، تۇرۇش، يۈگۈرۈش، ئۈزۈش، ئۇچۇش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق سەپىرىنىڭ جاپالىق ۋە مېھنەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇلار ھەربىر ھايۋان بالىسىنىڭ ھەربىر ئىنسان بالىسىغا ئوخشاش ئائىلىدىن مۇستەقىل ئايرىلىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغانلىقى، ھايۋان بالىسى كېلەچىكىنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدا، ئادەم بالىسى كېلەچىكىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بالىسىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى بۇ كىتابتىن نەپ ئالالايدۇ. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرىكى بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىڭىز توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىڭىز مۇمكىن. ئادەم گەرچە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ياشاش ماھارىتىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، ئادەم بالىسىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ماھارىتى ۋە تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ زىيادە ئامراقلىقى تۈپەيلى ئاز - ئازدىن تۇنجۇقتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز...

شۇڭا بىز، بالىلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى بالىلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار! دەپ ئىلتىجا قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنداق بولغاندىلا سىزنىڭ بالىڭىز مۇشۇ ئەۋلادلار ئىچىدىكى قابىللاردىن بولالايدۇ!

يى فەن

2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



# مۇندەرىجە


بالىلارغا سۆز ........................ 2

ئىتلەھەڭ ........................ 4

مازون ھەرىسى ........................ 6

فىرىگانۇس پەرۋانىسى ........................ 8

ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ........................ 10

شەرق تېرراپېن تاشپاقىسى ........................ 12

ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان ........................ 14

قارا باش ئۆردەك ........................ 16

چېپار مېگاپود قۇشى ........................ 18

غارايىبقۇش ........................ 20

چوڭ راك ........................ 22

چېپار پەرۋانە ........................ 24

چۈمۈلىخور ھەرە ........................ 26

ئىت تىرناقلىق قۇلۇلە ........................ 28

جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكى ........................ 30

ئاتلانتىك ئوكيان تاقىسىمان قىسقۇچپاقىسى ........................ 32

قىزىل سەمەندەر ........................ 34

كىتا بېلىقى ........................ 36

ئامېرىكا چوڭ پاقىسى ........................ 38

ھويلا قۇلۇلىسى ........................ 40

چوڭ پاشا ........................ 42




# باللارغا سۆز

قەدىرلىك قوزام:

ھەممە ھايۋاننىڭ بالىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بەزىلىرى تۇغۇلۇپلا مۇستەقىل ياشايدۇ. بۇ ئاڭلىماققا بىرئاز قورقۇنچلۇق بىلىنەمدىكەن؟ ئەگەر سىزنى شۇنداق ياشاپ باق دېسە، سىز قورقامسىز؟

قاراڭ! سۈرەتتىكى ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان تاشپاقا بالىسى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەمەلىيەتتە، دېڭىزدىكى يۇلتۇزدىن قۇرۇقلۇقتىكى ئۈمۈچۈككىچە بولغان نۇرغۇن ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى بالىلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىدىن يىراق يەردە ياشاپ چوڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. بىراق، بۇنى يامان ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ! چۈنكى، بىر



قىسىم ھايۋانلارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىسىدىن يىراق تۇرىدىغانلارنىڭ ھايات قېلىش پۇرسىتى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلارنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت!

قەدىرلىك قوزام، بۇ كىتابتا نۇرغۇن ھايۋان بالىسىنىڭ مۇستەقىل چوڭ بولۇش جەريانى سۆزلەنگەن. سىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يارددىمىسىز قانداق چوڭ بولىدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ قېنى ئەمىسە، ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن بىللە بۇ كىتابنى ئوقۇپ كۆرۈڭ!



# ئىتلەھەڭ

ئىتلەھەڭنىڭ بەدىنىدە سۇرەتتىكىدەك داغ بولىدۇ، ئۇلارنى توپلىشىپ ياشايدىغان كىچىك لەھەڭ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇلار ياۋا ئىتقا ئوخشاش توپ - توپ بولۇپ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېگەچكە، دېڭىزچىلار شۇنداق ئاتاشقان.

ئىتلەھەڭنىڭ تۇخۇمىدا مۈڭگۈز بولىدۇ، مۈڭگۈزنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇن يىپچىلار بولىدۇ. يىپچىلار سۇ ئوتلىرىغا مەھكەم يۆگىشىپ تۇخۇمنى قوغداپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى سۇ ئوتلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغاچقا، باشقا بېلىقلارنىڭ نەزىرىگە چۈشمەي ئامان قالىدۇ. بېلىجانلار تۇخۇمدىن چىققاندا ئۆزىنى ئۆزى باقالايدۇ!

ئىتلەھەڭ تۇخۇملاپ بولسىلا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ھايات قېلىشى پۈتۈنلەي بالىسىنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئىتلەھەڭنىڭ بالىسىنىڭ قانچىلىك قەيسەرلىكىنى پەرەز قىلالىۋالايمىز!



ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان ئىتلەھەڭ بېلىجىنىنىڭ بەدىنىدە بىر دانە سېرىق خالتا بولۇپ، بۇ خالتىدا ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن يېيىشىگە يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق بار.



ئىتلەھەڭ سۇ ئوتلىرىنىڭ ئارىسىغا تۇخۇملايدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ تۇخۇملار باشقىلارنىڭ نەزىرىگە چۈشمەيدۇ.



سوئال: ئىتلەھەڭ نەگە تۇخۇملايدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ لەھەڭ كىتسىمان لەھەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ.



www.uyghurkitap.com



# مازون ھەرىسى

مانا قاراڭ! ئانا ھەرە قۇم ئاستىغا يەر ئاستى يول كولاپ، بىر دانە قۇرتنى ئۇ يەرگە ئەكىرىپ قويىدى (سول تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ). يەنە 2 ـ 3 دانە قۇرتنى ئەكىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تۇخۇملايدۇ، ئاندىن قۇم بىلەن يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇخۇمىنى قۇرتلار بىلەن ئۇۋىسىدا قالدۇرۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇ ياز چىققىچە مۇشۇنداق ئۇۋىدىن بىرنەچچىنى ياسايدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەرە بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ، ھېلىقى قۇرتلار ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقى بولىدۇ. ھەرە بالىلىرى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرمەيدۇ، لېكىن يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ چوڭ بولىدۇ.



ئانا مازون ھەرىسى تۇتۇپ كەلگەن قۇرتنى ئۇۋىسىغا ئېلىپ كېلىپ، قۇرتلار ئارىسىغا تۇخۇملايدۇ.



مازون ھەرىسى لىچىنكىسى قۇرتلارنى يەپ ئوزۇقلىنىدۇ.



ئانا ھەرە قالدۇرۇپ كەتكەن ئوزۇقلۇق لىچىنكىنىڭ چوڭ بولۇشىغا يېتىدۇ.

سوئال: ئانا ھەرە بالىسى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: مازون ھەرىسى تامچى، تاشچىلارغا ئوخشاش ئىشلەيدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ماتېرىيالى ئوخشىمايدۇ، مازون ھەرىسى قۇم بىلەن ئۆي سالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# فىرىگانۇس پەرۋانىسى

فىرىگانۇس پەرۋانىسى ئۇچالايدىغان ھاشارات بولۇپ، قانىتى ۋە بەدىنى مامۇقتەك يۇمشاق.

يازنىڭ ئىللىق ئاخشاملىرى فىرىگانۇس پەرۋانىسى باشقا پەرۋانىلەرگە ئوخشاش سۇ يۈزىدىن ئىرغاڭلاپ ئۇچۇپ ئۆتىدۇ، زەنجىرسىمان تۇخۇملايدۇ، تۇخۇملارنىڭ بەزىلىرى سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئۈسۈملۈكلەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ. پەرۋانە لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندا بەكمۇ كىچىك بولىدۇ، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا سۇ ئاستىغا چۆكۈپ، تاشلارغا چاپلىشىۋالىدۇ. بەدىنىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بەزى نەرسىلەر بىلەن بەدىنىنى قوغدايدىغان قاپ ياسايدۇ (ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى سۈرەتكە قاراڭ). 2 ـ ياكى 3 ـ يىلى يازغا كەلگەندە لىچىنكا قورچاققا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ئۇچالايدىغان پەرۋانىگە ئۆزگىرىدۇ.



1 2 3

فىرىگانۇس پەرۋانىسى لىچىنكىسىنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىلدىكى قاپ ياسايدىغان ماتېرىيالى ئوخشاش بولمايدۇ. 1 ـ سۈرەتتىكىسى قۇم، شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسالغان قاپ. 2 ـ سۈرەتتىكىسى قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان قاپ. 3 ـ سۈرەتتىكىسى ئۇششاق تاشلاردىن ياسالغان قاپ.



تۇخۇمدىن چىققان فىرىگانۇس پەرۋانىسى لىچىنكىسى بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن قورچاققا ئايلىنىپ، ئاندىن يېتىلگەن پەرۋانىگە ئۆزگىرىدۇ.

**سوئال: فىرىگانۇس پەرۋانىسى لىچىنكىسى نېمىلەردىن قاپ ياسايدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: دۇنيادا ھازىرغىچە بايقالغان فىرىگانۇس پەرۋانىسىنىڭ تۈرى 7000 خىلدىن ئاشىدۇ، مەملىكىتىمىزدە 531 خىلى بار.**



www.uyghurkitap.com

# ياپونىيە مايقوڭغۇزى



سۈرەتتىكى ياپونىيە مايقوڭغۇزى كۆچىنىڭ بارچە يېڭى تېزەكنى دۈملىتىپ ئېلىپ ماڭماقتا. ئەمدى ئۇ كۈچلۈك ئارقا پۇتى بىلەن تېزەكنى كولاپ قويغان ئورەككە ئىتتىرىپ كىرگۈزىدۇ. چىشى قوڭغۇز ھەربىر تېزەككە بىردىن تۇخۇملاپ، تېزەكنى يەر ئاستى يولىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈۋېتىدۇ، ھەربىر ئورەكتە 2 ـ 3 تالدىن تېزەك بولغاندا، ئورەكنىڭ ئاغزىنى لاي بىلەن ئېتىۋېتىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، مايقوڭغۇز بالىسى تۇخۇمدىن چىقىدۇ ۋە تېزەكتىكى چىرىگەن ئۆسۈملۈكلەرنى مەززە قىلىپ يەيدۇ، تېزەكتىن ئوزۇق ئېلىپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ، ئەۋلاد قالدۇرۇشنى باشلايدۇ. ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ بالىسى ئۆمۈرۋايەت ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇقمايدۇ، بىراق بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.



ياپونىيە مايقوڭغۇزى تېزەكنى ئىتتىرىپ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ، تېزەككە تۇخۇملايدۇ، بىر قېتىمدا بىرنىلا تۇخۇملايدۇ.



ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ كەسمە يۈزىدىن ھەربىر ئورەكنىڭ ئاستىدا بىردىن تېزەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تېزەكتىكى قوڭغۇز تۇخۇمى قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە تۆرەلمىگە ئايلىنىدۇ، قوڭغۇز لىچىنكىسىمۇ خاتىرجەم يېتىلىدۇ.



ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى قارىماققا يۇمران قۇرتقا ئوخشايدۇ، ئۇ تېزەكتىكى ئوزۇقلۇققا تايىنىپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ، ئاخىرىدا يېتىلگەن مايقوڭغۇزغا ئايلىنىدۇ.

**سوئال: ياپونىيە مايقوڭغۇزى بالىسى ئۈچۈن قانداق تەييارلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: ياپونىيە مايقوڭغۇزى زىيانداش ھاشارات، ئۇنىڭ يېتىلگەنلىرى ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنى غاجىلاپ يەپ زىيان سالىدۇ.**



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شەرق تېرراپىن تاشپاقىسى

بۇ تاشپاقا ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سازلىقلاردا ياشايدۇ، ياشاش ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي. ھاۋا ئىللىق كۈنلەردە ئوت - چۆپ ۋە چاتقال ئارىسىدا قۇرت - قوڭغۇز ۋە شىرنىلىك مېۋىلەرنى تېپىپ يەيدۇ. باش ئەتىيازدا چىشى تاشپاقا قۇملۇقتا چوڭقۇر ئورەك كولاپ، ئورەككە 20 دىن ئارتۇق ئاق رەڭلىك تۇخۇم تۇغىدۇ، ئاندىن ئورەكنى ئېتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىلىق ۋەزىپىسى تۈگەيدۇ.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، تاشپاقا باللىرى تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ. قاراڭ! سول تەرەپتىكى سۈرەتتىكى تاشپاقا بالىسى يەر ئاستىدىن چىقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىدە تۇخۇم شاكىلىنى چېقىشقا ياردىمى بار ئالاھىدە چىشى بولىدۇ. تاشپاقا بالىسى تۇخۇم ئىچىدە يەنە بىرنەچچە كۈن يەتكىدەك ئوزۇقلۇق بولىسىمۇ، تۇغۇلۇپ نەچچە سائەت ئۆتمەيلا يەر ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئوزۇقلۇق ئىزدەپ، ئۆزىنى ئۆزى باقىدۇ.



تېرراپىن تاشپاقىسى تۇخۇمنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى ئاياقلىشىدۇ. تاشپاقا بالىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇخۇمنى چېقىپ يەر ئۈستىگە چىقىپ، ئۆز ئالدىغا ياشاشنى باشلايدۇ.

سوئال: تېرراپىن تاشپاقىسى نېمىگە تايىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ؟



تېرراپىن تاشپاقىسى بېشى بىلەن تىرنىقىنى يىغىۋېلىپ قېپىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىۋالسا، خۇددى قاپقىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

بىلىۋېلىڭ: تېرراپىن تاشپاقىسىنىڭ قورسىقىدا دۈمبىسىنى يوچۇقسىز تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بوغۇملىرى بار.



# ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان

سۈرەتتىكى ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان بالىسىنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا بىر سائەتتىن ئاشتى، ئانىسى ئۇنى تاشلاپ كەتتى، ئەمدى ئۇ ئۆز ئالدىغا ياشاشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا، قۇيرۇقىدىن شالدىراق ئاۋاز چىقىرالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ زەھەرلىك چىشى نەرسە تۇتۇپ يېيىشكە ئەسقاتىدۇ. شۇڭا ئۇ كەسلەنچۈك، چاشقان دېگەندەك كىچىك



جانلىقلارنى تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگىنىدۇ.

ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلاننىڭ قۇيرۇقىدىن چىققان ئاۋازنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش رولى بار بولۇپ، بۇ خىل ئاۋازنى ئاڭلىغان چوڭ ھايۋانلار ئۇنى دەسسىۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ.



ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلاننىڭ تاشلىغان قاسىرىقى يىغىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ھالقا بولۇپ شەكىللىنىدۇ، يىلاننىڭ يېشى قانچە كىچىك بولسا، ئۇنىڭ شالدىراق ھالقىسىمۇ شۇنچە كىچىك بولىدۇ.



ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان ھەر قېتىم قاسراق تاشلىغاندا، ئۇنىڭ ھالقىسى ئازراق يوغىنايدۇ.

سوئال: يېڭى تۇغۇلغان ياقۇت گۈللۈك شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان بالىسى قانداق ياشايدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئادەتتىكى يىلانلار كۆپىنچە چاغلاردا ئاۋاز چىقارمايدۇ، پەقەت خەتەرگە يولۇققاندا «تىس - تىس» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ، قارشى تەرەپنى قورقىتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قارا باش ئۆردەك

بىلەمسىز؟ قارا باش ئۆردەكنىڭ بالىسىنى ئۆگەي ئاتا ـ ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئانىسى باشقا ئۆردەكنىڭ ئۇۋىسىغا تۇخۇملايدۇ، بىر قېتىمدا بىرنىلا تۇغىدۇ.

قارا باش ئۆردەك نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھازىرغىچە يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، كاككۇكمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. شۇڭا قارا باش ئۆردەك بىلەن كاككۇكنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قارا باش ئۆردەكنىڭ تۇخۇمى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، تۇخۇمدىن چىققان چۈجىسى شۇ ئۇۋىدا تۇخۇمدىن چىققان باشقا قۇش بالىلىرىدىنمۇ چوڭراق ھەم كۈچلۈكرەك بولىدۇ (ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ). ئۆزئۇقلۇق يېتىشمىگەندە باشقىلارنىڭ يېمەكلىكىنى تالىشىپ يەپ ئاسانلا چوڭ بولىدۇ.



قارا باش ئۆردەك سۇدا ئويناۋېتىپ يېگۈدەك نەرسە بايقاپ قالسا، شۇ ھامان سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ.



قارا باش ئۆردەكنىڭ تۇخۇمى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، چۈجىسىمۇ شۇ ئۇۋىدىكى باشقا قۇش بالىسىدىن چوڭ بولىدۇ (ئوڭ تەرەپتىكىسى قارا باش ئۆردەك چۈجىسى).



**سوئال: قارا باش ئۆردەك بالىسى ئۆگەي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق؟**

**بىلىۋېلىڭ: قارا باش ئۆردەك جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا ياشايدۇ.**



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چىپار مېگاپود قۇشى

چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ ئۇۋىسى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدىن چوڭ! ئۇ توخۇ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئاۋستىرالىيەدىكى قۇرغاق چاتقاللىقلاردا ياكى قۇملۇقلاردا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەپ ياشايدۇ.

چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ ئەركىكى ئۇۋا ياساشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇۋا پۈتكەندە چىشىسى ئۇۋىغا ئالتە دانە ئاق رەڭلىك تۇخۇم تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە تۇخۇملارنى يوپۇرماقلار بىلەن كۆمۈپ، يوپۇرماقلار ئۈستىگە بىر قەۋەت توپا دۆۋىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ چۈجىلىرى يوپۇرماقلار ئاستىدا تۇخۇمدىن چىقىدۇ.

سۈرەتتىكى بۇ چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ چۈجىسى ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىقىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يەر ئۈستىگە چىققىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ چاتقال ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. ئۇنى ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىقتى دەپ سەل چاغلاپ قالماڭ، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى بەكمۇ كۈچلۈك! ئۇ ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ھېچقانداق ماھارەت ئۆگىنەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ تامامەن ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك.



چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ كەتسە، ئەركىكى توپىنى تاتىلاپ ئېچىپ ھارارەتنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ تۆۋەنلەپ كەتسە، يوپۇرماقلار ئۈستىگە كۆپرەك توپا دۆۋىلەپ قويىدۇ.



چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ كەسمە يۈزىدىن چىپار مېگاپود قۇشى تۇخۇمىنىڭ بىر قەۋەت توپىغا كۆمۈكلۈك تۇرغانلىقىنى، تۇخۇملارنىڭ ئاستىدا بىر قەۋەت يوپۇرماق بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ تۇخۇمى ئاستىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ چىرىشىدىن ھاسىل بولغان ھارارەتتە تۇخۇمدىن چىقىدۇ.



سوئال: چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ چۈجىسى نېمە ئۈچۈن تۇخۇمدىن چىقىپلا يۈگرەپ بېرىپ چاتقاللىققا كىرىپ مۆكۈۋالىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: چىپار مېگاپود قۇشىنىڭ ئەركىكى ھەر كۈنى ئۇۋىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئىزچىل 33℃ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتسە، تۆرەلمە توڭلاپ قالىدۇ؛ ئەگەر بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە تۆرەلمە پىشىپ قالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غارايىبقۇش

سول تەرەپتىكى قۇشنىڭ تۇمشۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراڭ! ئۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئەتۋارلىق قۇش. ئۇنى يېڭى زېلاندىيەدىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا پەرىم كېچىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

غارايىبقۇشنىڭ قانىتى قىسقا، ئۇچالمايدۇ، تۇمشۇقى ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق بولىدۇ، يەرنى چوقۇلاپ، سازاڭ ۋە ھاشارات لىچىنكىلىرىنى تېپىپ يەيدۇ.

چىشى غارايىبقۇش يەرلەردىكى تۆشۈكلەرگە ۋە دەرەخ كامىرىغا بىر - ئىككىنى تۇخۇملايدۇ، تۇخۇمى بەك چوڭ بولىدۇ. ئەركىكى تۇخۇم باسىدۇ. ئەركىكىنىڭ جۈغى چىشىسىنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك بولىدۇ. ئۇنىڭ چۈجىسى تەخمىنەن 10 ھەپتىلەردىن كېيىن تۇخۇمدىن چىقىدۇ. تۇخۇمدىن چىقىپ تۆت كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي - ئىچمەي ئۇۋىسىدا ياتىدۇ، ئاندىن ئوزۇقلۇق ئىزدىگىلى چىقىدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپلا يەرنى كوچىلاپ قۇرت تۇتۇپ يېيىشنى بىلىدۇ!



غارايىبقۇش بىر قېتىمدا بىر - ئىككى تۇخۇم تۇغىدۇ. سۈرەتتىن ئۇنىڭ تۇخۇمىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**سوئال: غارايىبقۇشنىڭ چۈجىسى ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن نېمە قىلىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: غارايىبقۇشنىڭ چىشىسى تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەركىكى تۇخۇم باسىدۇ.**



غارايىبقۇش چۈجىسىنىڭ بەدىنىدە ئىنچىكە تىۋىتلار بولىدۇ. ئۇ ئۇۋىسىدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى ئۆزى باقىدۇ. خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا مۆكۈۋالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

سوئال: راك بالىسى نېمە ئۈچۈن تۆشۈكلەرگە مۆكۈۋالىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: راك بالىسى چوڭقۇرلۇقى 30 مېتىرچە كېلىدىغان دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ.

راك تۇخۇمى دەسلەپتە دېڭىزدا لەيلەپ يۈرىدۇ.



بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سۈزۈك راك لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىدۇ.





## چوڭ راك

بۇ راك بالىسىنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇ بەك يامانەك قىلامدۇ ـ نېمە؟ ئۇ ئۆزىنى قوغداشقا بەكمۇ ماھىر.

راك بالىسىنىڭ پۇتى ۋە بۇرتى قارىماققا ئۇزۇن ئۆسكەن سۇ ئوتلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆل رەڭ يېشىل قېپىمۇ ئۇنى دۈشمەندىن قوغدايدۇ. ئۇ بىرەر تۆشۈككە مۆكۈۋېلىپ، ئىككى كۆزى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىدۇ. بۇرتى بىلەن لەيلەپ يۈرگەن يېمەكلىكلەرنى بايقىيالايدۇ. يېمەكلىكنى بايقىغان ھامان ئېتىلىپ چىقىپ، قىسقۇچى بىلەن يېمەكلىكنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئاغزى كىچىك بولغىنى بىلەن بەك كۈچلۈك، يېمەكلىكلەرنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتەلەيدۇ!

يېتىلگەن راكلارنىڭ بىر جۈپ كۈچلۈك قىسقۇچى بولىدۇ.





# چىپار پەرۋانە

سۈرەتتىكى بۇ تۈكلۈك قۇرت چىپار پەرۋانە لىچىنكىسىدۇر. ئۇنىڭ تۈكلىرى تىكەندەك قاتتىق بولۇپلا قالماي، تېخى زەھەرلىك! قۇشلار ئۇنى چوقۇپ بېقىپ، ئۇنىڭغا چېقىلالماي، تېزدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ.

چىپار پەرۋانە چاتقاللارنىڭ يوپۇرماقلىرىغا تۇخۇملايدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن لىچىنكا چىقىدۇ. بىراق، لىچىنكا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. لىچىنكىلار تۇخۇمدىن چىققاندا بەك كىچىك بولسىمۇ، تېز چوڭىيىدۇ. ئۇلار ئاستىدىكى يوپۇرماقنى تېزدىن يەپ بولۇپ، باشقا يوپۇرماقلارغا يۆتكىلىدۇ. بەزى چاغلاردا نەچچە مىڭلىغان لىچىنكىلار بىراقلا تۇخۇمدىن چىقىپ تەڭ چوڭىيىدۇ. ئۇلار كەڭ كۆلەملىك چاتقاللارنى يەپ قۇرۇتۇپ، تاشيول، تۆمۈر يوللاردىن ئۆتۈپ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ ماڭىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندە قورچاققا ئايلىنىدۇ، ئەتىياز كەلگەندە قېپىنى يىرىپ چىقىپ، رەڭدار پەرۋانىگە ئايلىنىدۇ!



1

2

بەزىدە مىڭلىغان - مىليونلىغان چىپار پەرۋانە لىچىنكىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار 1 - سۈرەتتىكىدەك كىچىك بولىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا 2 - سۈرەتتىكىدەك چوڭىيىدۇ. ئۇلار چاتقال يوپۇرماقلىرىنى يەپلا قالماي، باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىمۇ يەيدۇ.





يېتىلگەن چىپار پەرۋانىنىڭ ئالدىنقى قانىتىدا يولۋاسنىڭ بەدىنىدىكىگە ئوخشاش بالداقلار بولىدۇ، كېيىنكى قانىتى تولىمۇ رەڭدار. ئۇنىڭ قانىتىدىكى رەڭ ۋە بالداقلارنىڭ ئۇنىڭ لىچىنكىسىنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەرگە ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇش رولى بولۇپ، قۇشلارنى ئۆزىدىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

سوئال: چىپار پەرۋانە لىچىنكىسى قانداق ياشايدۇ؟

بىلۋېلىڭ: چىپار پەرۋانە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ.



# چۈمۈلىخور ھەرە

سۈرەتتىكى چۈمۈلىخور ھەرە لىچىنكىسى قۇملۇقتا ياشايدۇ، تېنى قىسقا ھەم يۇمىلاق، تېخى كۆرۈمسىز يالى بار. سىز ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن قانداق قىياپەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى يىڭناغۇچقا ئوخشاش تولىمۇ چىرايلىق (ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى سۈرەتكە قاراڭ).

چۈمۈلىخور ھەرە لىچىنكىسى تۇخۇمىدىن چىقىپ بىر ئورەك كولايدۇ، ئاندىن ئورەكنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ بىرەر ھاشاراتنىڭ ئورەككە چۈشۈشىنى كۈتىدۇ. ئورەككە چۈمۈلە ياكى كىچىك ھاشاراتلار چۈشكەن ھامان ئېتىلىپ بېرىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزىكى قايچىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى چىڭ قىسىپ تۇرالايدۇ ھەم زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىپ، ئولجىنى ھوشسىزلاندۇرىدۇ. ئۇ ئولجىنىڭ بەدىنىدىكى سۈيۈقلۇقنى سۈمۈرۈۋېلىپ، قېپىنى سىرتقا تاشلىۋېتىدۇ، ئاندىن يەنە بىرەر بىتەلەينىڭ ئورەككە چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.



چۈمۈلىخور ھەرە لىچىنكىسى بەك سېمىز بولغاچقا، ئالچاڭلاپ ئاران ماڭىدۇ. ئۇنىڭ شالاڭ، ئىنچىكە ھەم ئاجىز بىرنەچچە پۇتى ئۇنىڭ ئورەكتە ھەرىكەت قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.



چۈمۈلىخور ھەرە لىچىنكىسى قورچاقلىق باسقۇچىدىن كېيىن قېپىدىن چىقىپ، چىرايلىق قانتى بار ھەرىگە ئايلىنىدۇ.

سوئال: چۈمۈلىخور ھەرە لىچىنكىسى ئوزۇقلۇقنى قانداق ئېرىشىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: كۆرۈمسىز چۈمۈلىخور ھەرە لىچىنكىسى بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.



# ئىت تىرناقلىق قۇلۇلە

ئىت تىرناقلىق قۇلۇلىنىڭ لىچىنكىسى چىمچىلاق قولىنىڭ تىرنىقىنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدۇ، ئۇ باشقا جانلىقلار بىلەن بىللە دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدۇ. قېپى سۈزۈك، قېپىدا ئۇششاق تىكەنلىرى ۋە سانسىز پۇتى، بىر جۈپ يۇمىلاق كۆزى بار. بۇ جانلىقنى كۆرگىنىمىزدە بەلكىم ئۇنى چوڭ راكنىڭ لىچىنكىسى دەپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداقتا سىز خاتالاشقان بولىسىز، چۈنكى ئۇ چوڭ بولغاندا راكقا ئۆزگەرمەستىن ئىت تىرناقلىق قۇلۇلىگە ئۆزگىرىدۇ.



ئىت تىرناقلىق قۇلۇلىنىڭ سەزگۈ قولى تىترىگەندە كىچىك ئېقىننى پەيدا قىلىپ، سۇدىكى جانلىقلارنى قېپىنىڭ ئىچىگە تارتىپ كىرىپ يەيدۇ. كۆپىيىش پەسلى كەلگەندە، قېپىدىن تۇخۇم قويۇپ بېرىدۇ. لىچىنكىلار تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، دېڭىزدا جانلىقلارنى يەپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولىدۇ. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن ياغاچ ياكى دېڭىز يۇسۇنلىرىغا چاپلىشىۋالىدۇ، بەزىدە تېخى كىتنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ باتۇرلارچە ياشايدۇ.



ئىت تىرناقلىق قۇلۇلىنىڭ قاپ ئىچىدىكى يۇمران تېنى قارىماققا راكنىڭ باش تەرىپىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.



ئىت تىرناقلىق قۇلۇلىنىڭ تۇخۇمىدىن ئاۋۋال لىچىنكا چىقىدۇ، لىچىنكا يېتىلىپ ئاخىرىدا ئىت تىرناقلىق قۇلۇلىگە ئايلىنىدۇ.

**سوئال: ئىت تىرناقلىق قۇلۇلە قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: ئىت تىرناقلىق قۇلۇلە ـ قۇلۇلە تۈرىدىكى جانلىقلارغا ياكى ئۈيستېر قۇلۇلىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ قاسراقلىق هايۋان. ئۇنىڭ چوڭ راك، راك قاتارلىق هايۋانلار بىلەن تۇغقانچىلىقى قويۇقراق.**



www.uyghurkitap.com



# جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكى

سول تەرەپتىكى ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان يېتىلگەن جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈككە قاراڭ! ئۇ ھازىر ئامېرىكىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى دېڭىز ساھىلىدا ئاپتاپقا قاقلانماقتا. بەزىلەر بۇ زەھەرلىك كەسلەنچۈكنى «غەلىتە مەخلۇق» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكى قۇمنى كولاپ تۇخۇملاپ، تۇخۇمنى كۆمۈۋېتىپ، قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى تۇخۇمدىن چىققاندا ئاران 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بەدىنىدە تېخى تۇخۇمدىن چىققاندا چاپلىشىپ قالغان تۇخۇم سېرىقىنىڭ قالدۇقلىرى بولىدۇ، بۇ تۇخۇم سېرىقىنىڭ قالدۇقى ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن جان بېقىشىغا يېتىدۇ. بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلا بىر نەرسە تۇتۇپ يېيىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاساسلىقى قۇش، چاشقان بالىلىرىنى ۋە باشقا كىچىك ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئاستىنقى ئېڭىكىگە قاچىلانغان زەھىرى، ئۇنىڭ ئولجا تۇتۇشتىكى ئەڭ ئېسىل قورالى ھېسابلىنىدۇ. سىز ھەرقانداق جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكنى سەل چاغلاپ قالماڭ، تېخى تولۇق يېتىلمىگەن كەسلەنچۈكنىڭ زەھىرىمۇ ئېغىر جاراھەت ۋە چىدىغۇسىز ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ!



جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكنىڭ تۇخۇمى.



يۇقىرىقى سۈرەتتىكىدەك جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكنىڭ بالىسى بولسۇن ياكى تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىدەك يېتىلگەنلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ بەدىنى رەڭدار بولىدۇ. بۇ رەڭلىرىنىڭ باشقا ھايۋانلارنى ئۆزىدىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇش رولى بار.



سوئال: جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكنىڭ بالىسى زەھرىنى نەدە ساقلايدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: جىلا زەھەرلىك كەسلەنچۈكى «مەرۋايىت كەسلەنچۈك»مۇ دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قاسراقلار دانە - دانە مەرۋايىتقا ئوخشىشىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئاتلانتىك ئوكيان تاقىسىمان قىسقۇچپاقىسى



بۇ قىسقۇچپاقا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى چوڭقۇر سۇ ئاستىدا ياشايدۇ. كۆپىيىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، مىليونلىغان تاقىسىمان قىسقۇچپاقا دېڭىز بويىدىكى تېيىز جايلارغا توپلىشىدۇ. دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەندە، ئانا قىسقۇچپاقا قىسقۇچقا ئوخشاش قېپى بىلەن دېڭىز ساھىلىدىن ئورەك كولاپ، ئورەككە تۇخۇملايدۇ، ئاندىن ئورەكنى كۆمۈۋېتىدۇ.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، قىسقۇچپاقا بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ! ئۇلار قۇم دۆۋىسىدىن چىقىپ، ئۇششاق يۇسۇنلىرى ۋە جانلىقلارنىڭ تىتىلىپ كەتكەن پارچىلىرىنى يەپ، ئۆز ئالدىغا ياشاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھەر يىلى 2 ـ 3 قېتىم قاسراق تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىلىپ ئەۋلاد قالدۇرغىچىلىك بولغىچە ئاز دېگەندە توققۇز يىل ۋاقىت كېتىدۇ.



تاقىسىمان قىسقۇچپاقىنىڭ لىچىنكا ۋاقتى بەك قىسقا بولىدۇ (يۇقىرىدىكى سۈرەتكە قاراڭ). تۇخۇمدىن چىقىپ ناھايىتى تېزلا يېتىلگەن قىسقۇچپاقا ھالىتىگە كىرىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتكە قاراڭ)، لېكىن ھەقىقىي يېتىلگەن قىسقۇچپاقا بولۇش ئۈچۈن توققۇز يىل ۋاقىت كېتىدۇ (سول تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ).



سوئال: ئاتلانتىك ئوكيان تاقىسىمان قىسقۇچپاقىسىنىڭ بالىسى نېمە يەيدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئاتلانتىك ئوكيان تاقىسىمان قىسقۇچپاقىسى بىر قېتىمدا مىڭدىن ئارتۇق تۇخۇملايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قىزىل سەمەندەر

قاراڭ! سۈرەتتىكى بۇ سەمەندەر بەك رەڭدارمىكەن؟ ئەگەر ئۇلار كۈندۈزى ھەرىكەت قىلغىلى چىقسا، قۇشلارغا ياكى يىلانلارغا يەم بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلار كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ھەمدى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ، سۈزۈك سۇدا ئۇششاق ھاشاراتلەرنى ۋە لىماكس قۇلۇلىسىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

قىزىل سەمەندەر كۆپىنچە كۆل ياكى ئېرىق بويلىرىغا تۇخۇملايدۇ. يېڭى تۇخۇمدىن چىققان قىزىل سەمەندەر بالىسىنىڭ پەيسىمان ساقىقى بولىدۇ (يان تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ)، بەك ئوماقمىكەن؟ ئۇ تۇخۇمدىن چىقىپلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ياردىمىگە تايانماي، ئۆزىنى ئۆزى باقىدۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، پەيسىمان ساقىقى ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىدۇ، سەمەندەر بالىسىمۇ رەڭدار ھالەتكە كىرىدۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بەدىنىدىكى رەڭلەرمۇ قېنىقلايدۇ.



قىزىل سەمەندەر سۇغا يېقىن نەم جايلارغا تۇخۇملايدۇ.



يېڭى تۇخۇمدىن چىققان قىزىل سەمەندەر لىچىنكىسىنىڭ بەدىنىدە سېرىق قاپ بولىدۇ. سەمەندەر لىچىنكىسى بىر مەزگىل مۇشۇ قاپتىن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سوئال: قىزىل سەمەندەر نېمە ئۈچۈن كەچتە ھەرىكەت قىلىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: قىزىل سەمەندەر پاقىغا ئوخشاش قوش ماكانلىق ھايۋان.**



قىزىل سەمەندەر لىچىنكىسى ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، پەيسىمان ساقاق ئۆسۈپ چىقىدۇ، بۇ ساقىقى ئۇنىڭ نەپەسلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىتا بېلىقى

كىتا بېلىجانلىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، دەريادا ئۈزۈپ ئوينايدۇ. ئۇلار دەسلەپتە بەدىنىدىكى تۇخۇم سېرىقى خالتىسىدىكى ئوزۇقلۇق ئارقىلىق ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي، دەريادىكى ھاشارات لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ماڭغان تەرەپنىڭ قارشىسىغا قاراپ ئۈزۈپ دېڭىزغا چىقىدۇ.



3 ـ ، 4 ـ ياكى 5 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، خۇددى يۇقىرىقى سۈرەتتىكى بېلىقلارغا ئوخشاش ئېقىننىڭ قارشىسىغا قاراپ ئۈزۈپ، ئۆزى تۇغۇلغان جىمجىت جايغا بېرىپ تۇخۇملايدۇ. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، بەزى كىتا بېلىقلىرى تېخى ئۆزى تۇغۇلغان جاينى تېپىۋالالايدۇ!



كىتا بېلىقىنىڭ تۇخۇمى ھال رەڭ بولۇپ، سىرتى يىلىمسىمان ماددا بىلەن ئورالغان. كىتا بېلىقى تۇخۇمىنى دەريانىڭ ئاستىغىلا تۇغىدۇ. بېلىجانلار تۇخۇمدىن چىقىپ، ئېقىن بويلاپ ئۈزۈپ دېڭىزغا چىقىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولىدۇ.



1

2

3

ياش كىتا بېلىقى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈپ چوڭ بولىدۇ:
1 ـ سۈرەتتىكىسى، بىر يىللىق بولغان بېلىجان ۋاقتى؛
2 ـ سۈرەتتىكىسى، ئىككى يىللىق بولغان كىچىك بېلىق ۋاقتى؛
3 ـ سۈرەتتىكىسى، 2 ـ يىلدىن كېيىنكى ئوتتۇراھال ۋاقتى.

**سوئال: كىتا بېلىقى چوڭ بولغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ كىلومېتىر سۇ ئۈزۈپ ئۆزى تۇغۇلغان جايغا قايتىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: كىتا بېلىقى دېڭىزدا 3 ـ 4 يىل ياشايدۇ.**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا چوڭ پاقىسى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆلچەك ۋە ئېرىقلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ پاقىلار ياشايدۇ. سۈرەتتىكى ئامېرىكا چوڭ پاقىسى ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئېقىنلاردا ياشايدۇ.

چوڭ پاقا تۇخۇمدىن چىقىش ۋە يېتىلىش جەريانىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە تايانماي تامامەن ئۆزىگە تايىنىدۇ. ئالدى بىلەن پاقا لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ، كېيىنچە ئۇنىڭغا يوغان ھەم يۇمىلاق باش ۋە ئۇزۇنچاق ھەم ياپىلاق قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقىپ قومچاققا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ئۇزۇن پۇتى ئۆسۈپ چىقىدۇ. پۇتى يوغىناپ، قۇيرۇقى يوقىغاندا كىچىك پاقا ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ سۇدا تۇرۇۋەرمەستىن ئارقا پۇتى بىلەن تاقلاپ ماڭىدۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، قومچاقلارنىڭ تېرىسى سېرىق، يېشىل رەڭگە كىرىپ، ھەقىقىي چوڭ پاقا شەكلىگە كېلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ سول تەرەپتىكى سۈرەتتىكى يېتىلگەن پاقا ھالىتىگە يېتىشىغا يەنە 3 ـ 4 يىل ۋاقىت كېتىدۇ.


چوڭ پاقىنىڭ تۇخۇمى


تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چوڭ پاقىنىڭ لىچىنكىسىدە پەيسمان ساقىقى بولىدۇ.


قومچاقنىڭ ئارقا پۇتى باشتا ئۆسۈپ چىقىدۇ.


بۇ ئالدى ـ ئارقا پۇتلىرى ئۆسۈپ چىقىپ چوڭ پاقىغا ئايلىنىشقا ئاز قالغان قومچاق.

سوئال: چوڭ پاقا لىچىنكا ھالىتىدىن پاقا ھالىتىگە كەلگىچە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ؟
بىلىۋېلىڭ: يېتىلگەن چوڭ پاقىنىڭ ئەڭ چوڭى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# هويلا قۇلۇلىسى

هويلا قۇلۇلىسىنىڭ تۇخۇملايدىغان ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ نەم، ئىللىق چاتقاللىقلاردا ياكى گۈللۈكلەردە ياشاشقا ئامراق.

هويلا قۇلۇلىسى ئەۋلاد قالدۇرۇشقا كىرىشكەندە، تۇخۇمىنى 6 ـ 7 سانتىمېتىر تۇپا ئاستىغا كۆمىدۇ (ياندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش). يەتتە ھەپتىلەردىن كېيىن قۇلۇلە بالىسى يۇمران ھەم سۈزۈك قۇلۇلە قېپى بىلەن تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ قېپى ئىنتايىن تېز قېتىپ ئاقىرىدۇ. چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ قېپىدىكى يۆگىمىمۇ ئاۋۇيدۇ. قۇلۇلە بالىسى قانچىلىك يوغىناپ كەتسىمۇ بەربىر قېپىغا پاتىدۇ.



هويلا قۇلۇلىسى تۇخۇمىنى نەم تۇپىغا كۆمىدۇ.



تۇخۇمدىن يېڭى چىققان قۇلۇلە بالىسىنىڭ قېپى نېپىز ھەم سۈزۈك بولىدۇ (يۇقىرىدىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش)، ناھايىتى تېزلا قاتتىق ھالەتكە كېلىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش).





سوئال: قۇلۇلە قېپى نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: هويلا قۇلۇلىسى ئەڭ دەسلەپتە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسمىلىرىدىكى چاتقاللىقلاردا ۋە گۈللۈكلەردە ياشىغان.



www.uyghurkitap.com

# چوك پاشا

چوك پاشىنىڭ ئۇزۇن ئالتە پۇتى، نېپىز بىر جۈپ قانىتى بار (سول تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ). كىشىلەر چوك پاشىنى كۆرگەندە، پۇتى ۋە بوينى ئۇزۇن تۇرنىنى ئەسكە ئالىدۇ.



ئوڭ تەرەپتىكىسى پاشىنىڭ لىچىنكىسى. ئۇ كۆنبويى يەر ئاستىدا ئورەك كولايدۇ، ئاساسلىقى ئۆسۈملۈك يىلتىزىنى يەيدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك يىلتىزىنى ئۈزۈپ پارچىلاپ ۋەيتەلەيدۇ. بىر يىلدىن كېيىن، پاشا لىچىنكىسى قورچاققا ئايلىنىدۇ. قورچاققا ئايلىنىش جەريانىدا مىدىرلىماي جىم تۇرىدۇ، ھېچنېمە يېمەيدۇ، بەدىنىگە بىر قەۋەت قاسراق ئۆسۈپ چىقىدۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، پاشا ھالىتىگە كېلىپ قاسراقنى يېرىپ چىقىدۇ.



تۇخۇمدىن چىققان چوك پاشىنىڭ لىچىنكىسى ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. قورچاقلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ئاندىن چوك پاشىغا ئايلىنىدۇ.

بىراق، چوك پاشا ئەزەلدىن ئادەم ياكى باشقا ھايۋانلارنى چاقمايدۇ، شۇڭا سىز ئۇنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ نۇرنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن ئۆيلەرگە كىرىپ قالىدۇ، ئەگەر ئۆيىڭىزدە بىرەر چوك پاشىنى بايقاپ قالسىڭىز، ئۇنى ئەينەك قۇتىغا سولاپ ياكى يۇمشاق لاتا بىلەن ئاۋايلاپ تۇتۇپ سىرتقا قويۇۋەتسىڭىز بولىدۇ.





قاسرىقىنى يېرىپ چىققان چوك پاشا.

سوئال: 1. چوك پاشا لىچىنكىسى چوك پاشىغا ئايلانغىچە قانچە باسقۇچتىن ئۆتىدۇ؟

2. چوك پاشىنى كۆرگەندە ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەيمىز؟

بىلىۋېلىڭ: چوك پاشا يەنە «شادىپاچاق پاشا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى مۇشۇنداق ئاتاشنى ياخشى كۆرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جۇڭگو نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى ھازىرقى زامان مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国出版集团现代教育出版社 2012 年 1 月第 1 版, 2012 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: جاسارەت غوپۇر
قايتا تەكشۈرگۈچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

**ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر رەسىملىك كىتاب**

# ئۆزىگە تايىنىش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى

---

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
زاۋۇت: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7072 - 1
باھاسى: 13.60 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى



ISBN 978-7-5469-7072-1
9 787546 970721 >
定价：13.60元